# 397206 ـ چاچ قىسقارتىش ۋە تاراشنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن سۈنئى چاچ سېتىۋېلىشنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ چاچلىرىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

يېڭىدىن چاچ تاراش ۋە قىسقارتىشنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن سۈنئى چاچ سېتىۋېلىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ مەن ئۇنى بېشىمغا كىيمەيمەن، پەقەت مەشىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىمەن، بۇ چاچنى سۈرەت قىلىپ ئۆزۈمنىڭ چاچ قىسقارتىش ۋە چاچ تاراش كەسپىنى قىلىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئىلان قىلسام بولامدۇ؟. مەن ئاياللارنىڭ سۈرىتىنى چىقارمايمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: سۈنئى چاچ كىيىشنىڭ ھاراملىقى ئىلگىرى" ئاياللارنىڭ سۈنئى چاچ كىيىشى ۋە چېچى يوق ئايال سۈنئى چاچ كەيگەن بولسا، تاھارەت ئالغاندا ئۇنىڭغا مەسىھ قىلسا توغرا بولامدۇ؟ دېگەن سوئاللارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىندى.

ئىككىنچى: چاچ قىسقارتىش ۋە تاراشنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن ئادەمنىڭ چېچىدىن باشقا سۈنئى چاچلارنى سېتىۋالسا بولىدۇ، ئۇنى سۈرەت قىلىپ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا قويسا بولىدۇ، بۇنىڭ بىر شەرتى چاچنى قىسقارتىش ۋە تاراش پوسۇنلىرى كاپىر ۋە پاسىق ئاياللارنىڭكىگە ئوخشاپ قالماسلىقى كېرەك.

ئەمما ئادەمنىڭ چېچى بولسا، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھاراملىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ.

"ھىدايە شەرھىل بىدايە- 3 "توم- 46 بەتتە مۇنداق دېگەن: ئىنسانىنىڭ چاچلىرىنى سېتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئادەم دېگەن ئىكرام قىلىنغۇچىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن بىر نەرسىنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە خار كۆرۈش توغرا بولمايدۇ."

بەھوتىي "كەشاپۇل قىنا- 1 "توم- 57بەتتە مۇنداق دەيدۇ" :ئادەم ھۆرمەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ چېچى پاك بولسىمۇ ئۇنى ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ تەرجىمىسى: « ئۇلارنى

مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق». [سۈرە ئىسرا- 70ئايەت.]

"پىقھى توپلاملىرى- 26 "توم- 102 بەتتە مۇنداق كەلگەن" :پىقھى ئالىملىرى ئادەمنىڭ چېچىنى سېتىش ئىشلىتىشنىڭ توغرا ئەمەس ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاققا كەلگەن، چۈنكى ئادەم دېگەن ھۆرمەتلىكتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ تەرجىمىسى: «ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق». ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن بىر نەرسىنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە خار كۆرۈش توغرا بولمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.